كرىلوف مەسەللىرى



# قاغا بىلەن تۈلكە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كرىلوف مەسەللىرى

## قاغا بىلەن تۈلكە

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

克雷洛夫寓言. ②/(俄罗斯)克雷洛夫语言；艾合买提·伊明译—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12
ISBN 978-7-228-10710-0

Ⅰ.克… Ⅱ.①克…②艾…Ⅲ.寓言—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I512.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158069号

责任编辑：阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对：阿依故丽·沙吾提
封面设计：米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图：阿米尔·托合提

**克雷洛夫寓言②**（维吾尔文）
艾合买提·伊明　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编:830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　3.375印张　2插页
2007年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：3061—8060

ISBN 978-7-228-10710-0　定价：6.00元

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشـ
رى، 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان
نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1979年6月第1版、1984年4月第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى

# كرىلوف مەسەللىرى — 2

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 8060 —— 3061
ISBN 978 — 7 — 228 — 10710 — 0
باھاسى : 6.00 يۈەن

# كرىلوف مەسەللىرى

## تەرجىماندىن

ئىۋان ئاندرېيېۋىچ كرىلوف (1769 — 1844) روسىيە دراماتورگى، ژۇرنالىستى ۋە مەشھۇر مەسەل يازغۇچىسى. مەسەلچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كرىلوفنىڭ مەسەللىرى روسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا لەنەت، ئېزىلگۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ مەسەللەردە روسىيە خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆزگە يارقىن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسەللەردىن روسىيىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇرەككەپ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ توغرا، ھەققىي، ئەينەن قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابقا كرىلوفنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان بارلىق مەسەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسەللەر ئەسلىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. ۋۇ يەن ئەپەندى بۇنى خەنزۇ تىلىغا ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ ئەسلىي شېئىرىي نۇسخا ئىكەن. لېكىن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مەقسىتىدە نەسرىي شەكىل قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆزلەر بىر قەدەر ئەينەن ئېلىنىدى، جۈملىلەر بەك ئەركىن، يۇمشاق ئىشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئارىدا ئىنگلىزچە،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

خەنزۇچە ئىككى تىل كۆۋرۈك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە
كرىلوف ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدىن خېلى يىراقلىشىپ
كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقسانىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلى رۇس-
چىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا
ئىشىنىمەن.



# كرىلوف مەسەللىرى

## مۇندەرىجە


قاغا بىلەن تۈلكە ........................................1

دۇب دەرىخى بىلەن قومۇش ..............................3

يېزا سازەندىلىرى ........................................6

قاغا بىلەن مېكىيان ......................................7

ساندۇقچە ...................................................9

پاقا بىلەن ئۆكۈز.........................................11

ئۇلتۇرۇپ قالغان قىز.....................................12

بارناس تېغى..............................................16

بۇتنىڭ كاراماتى..........................................18

قوڭغۇراقۋاش ..............................................20

دەرەخزارلىق بىلەن ئوت.................................22

سەۋەقۇشى بىلەن كىرپە..................................24

بۆرە بىلەن قوزا...........................................25

مايمۇن......................................................28

سېرىق چۇمچۇق...........................................30

ئېشەك......................................................32

مايمۇن خېنىم ۋە ئۇنىڭ كۆزەينىكى...................34

ئىككى پاختەك.............................................35

ئالتۇن رۇبلى...............................................40

ئۈچ خوتۇنلۇق كىشى......................................42

خۇداسىز قوۋم.............................................44

بۇركۇت بىلەن توخۇ .....................................46




پاقىلارنىڭ پادىشاھ تەلەپ قىلىشى......................49
شىر بىلەن قاپلان......................52
سىياسەتچى بىلەن مۇتەپەككۇر......................54
ۋابا ئالدىدا......................55
ئىتنىڭ دوستلۇقى......................59
پايدا بۆلۈشۈش......................62
تۈك ......................64
تايغانلار ماكانىغا كىرىپ قالغان بۆرە......................66
ئېرىق......................68
تۈلكە بىلەن سۇغۇر......................70
يولۇچىلار بىلەن تايغان......................72
يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە......................73
يالغانچى ......................75
بۈركۈت بىلەن ھەسەل ھەرىسى......................78
ياۋا توشقاننىڭ شىكارغا چىقىشى......................80
قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ۋە مۈشۈك......................81
بۆرە بىلەن كاككۇك......................83
خوراز بىلەن مەرۋايىت......................85
باي دېھقان بىلەن ئۇنىڭ يىللىقچىسى......................86
مال بېسىلغان ھارۋىلار......................88
قاغا بالىسى......................90
پىلنىڭ يۇرت سورىشى......................93
ئېشەك بىلەن بۇلبۇل ......................95
باي بىلەن موزدوز ......................97






# قاغا بىلەن تۆلكە

تەخسىكەشلىكنىڭ پەسكەشلىكى ۋە رەزىللىكى توغرىسىدا تالاي گەپلەرنى قىلدۇق. لېكىن، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. يەنە ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، خۇشامەتچىلەر دائىم بىزنىڭ قەلبىمىزدىن كاۋاك ئىزدەيدۇ.

*　　　　　　　　　　　*

خۇدا ئېمىشقىدۇر قاغىغا بىر پارچە پىشلاق ئېسىۋە قىپتۇ. قاغا ئاق شەمشاد دەرىخىنىڭ تۆشۈكىگە كىرىۋېلىپ، بۇ نەرسىنىڭ لەززىتىنى سۈرمەك بوپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا پىشلاقنى چىشلەپ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، بەختكە قارشى بىر تۆلكە مەززىلىك پۇراقنى پۇراپ شاقىمدە توختاپتۇ. ئۇ پىشلاقنى كۆرۈپ تىلىنى تامشىپتۇ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە دەرەخكە يېقىنلىشىپتۇ ۋە كۆزىنى پىشلاقتىن نېرى قىلماي، يېقىملىق، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ قاغىغا مۇنداق دەپتۇ:

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئوماق قۇش سىز ! بۇنداق بويۇن، بۇنداق كۆزلەرنى پەقەت جەننەتتىلا كۆرۈش

* كرىلوف «قاغا بىلەن تولكە»دىن بورۇن، «تارتىنچاق قىمارۋاز»، «قىمارۋازنىڭ تەقدىرى»، «توز بىلەن بۇلبۇل»، «مېھماندىن بىزار بولغان ساھىبخانا» قاتارلىق تۆت مەسەل ئېلان قىلغان. بۇلار XVIII ئەسىردىكى رۇس مەسەلچىسى سۇماروكوف ھەم خېمنىتسارنىڭكىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان. لېكىن كرىلوف بۇ ئەسەرلەرنى توققۇز جىلدلىق مەسەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈشكە باشتىن ـ ئاياغ قوشۇلمىغان.



مۇمكىن ! ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيلىرىڭىزچۇ، تۇمشۇقىڭىزچۇ تې-
خى ! ئاغزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا پەرىشتىدەك ئاۋاز چىقىرىشىڭىز
چوقۇم. سايراڭ، سۆيۈملۈكۈم، تارتىنماڭ ! ئېھ، سىڭلىم،
راست گەپ، يارىلىشتىمۇ ھەممىنى مەپتۇن قىلغۇدەك يارد-
لىپتىكەنسىز، ئەگەر سايرىشىڭىزمۇ ئاشۇنداق مەپتۇن قىلار-
لىق بولىدىغان بولسا، قۇشلار ئىچىدە ھەممىنى تەزىم قىلدۇ-
رىدىغان خانىشقا ئايلىنىسىز !

تۈلكىنىڭ بۇ ماختاشلىرىدىن كاللىسى ئايلانغان نادان
قاغا خۇشاللىقىدىن
ئۆزىنى ئۇنتۇپ،
ئۇنىڭ يېقىملىق
كولدۇرلىتىشى بى-
لەن ئاخىر ئاغزى-
نى ئېچىپتۇ، يەنى
ئۆزىنىڭ بىلگىنى
بويىچە سەت قا-
قىلداپتۇ.



لېكىن، شۇئان
ئاغزىدىكى پىشلاق
يەرگە چۈشۈپتۇ،
ھەش - پەش دې-
گۈچە تۈلكە
پىشلاق بىلەن بىل-
لە كۆزدىن غايىب
بويتۇ.





## كرىلوف مەسەللىرى

# دۇب دەرىخى ۋە قومۇش

ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى، دۇب دەرىخى قومۇشقا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ياراتقۇچىدىن زارلىنىشقا ھەقلىق. مانا قارا، ئەقەللىي بىر قۇشقاچنىمۇ كۆتۈرەلمەيسەن، سۇ يۈزىنى ئاران چىمىرلىتالايدىغان ئاجىز شامالمۇ سەن ئۈچۈن بالايىئاپەتتەك بىلىنىپ، ئىرغاڭلاپ كېتىسەن، بېشىڭ يەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ، كۈنۈڭ ئېغىر، بۇ بىچارە ھالىڭغا ھەر كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

مەن بولسام كاۋكازنىڭ چوققىسىدەك، ئۇششاق - چۈششەكلەرغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەتتا قۇياشنىڭ ھەيۋىسىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا بىر تىيىن. مەن دەھشەتلىك بورانىنىمۇ نەزىرىمگە ئالمايمەن، گۈلدۈرمامىمۇ مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، خۇددى ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدىغان تىنچلىق قالقىنىم باردەك، قەددىمنى مەغرۇر كېرىپ تۇرغىنىم تۇرغان.

ساڭا مەيىن شامال قارا بوراندەك بىلىنىسە، ماڭا قارا بوران مەيىن شامالدەك بىلىنىدۇ. ئەگەر سەن ماڭا يېقىنراق يەردە ئۆسكەن بولساڭ، مەن باراقسان شاخلىرىم ئاستىدا ساڭا سايە بەرگەن، جۇدۇنلۇق كۈنلەردە سېنى مۇھاپىزەت قىلغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى خۇدا ساڭا بوران ئىلاھى قۇترايدىغان

* كرىلوفنىڭ بەزى مەسەللىرى ئىزووف، لافونتېنلارنىڭ مەسەللىرىدىن، شۇنىڭدەك ھىندى ھېكايەتلىرىدىن ئېلىنغان. «دۇب دەرىخى ۋە قومۇش» ئەسلىدە لافونتېننىڭ ئەسىرىدىن قىلىنغان تەرجىمە؛ لېكىن كرىلوف قايتا ئىجادىيەت قىلغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ھەتتا تەرجىمىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

دەريا ساھىلىدىن، يامغۇر - يېشىنلىق زېمىندىن ماكان بېرىپتۇ. بۇ ھالىڭدىن قارىغاندىمۇ تەقدىر ساڭا شاپائەت قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

— سەن ھەقىقەتەنمۇ بەك مېھرىبان ئوخشايسەن، — دەپتۇ قومۇش مەنسىتمىگەن ھالدا، — لېكىن سەن مەندىن بەك غەم يەپ كەتمە. مېنىڭ تەقدىرىمگە ئارامخۇدا ياشاش پۈتۈلگەن. بوراندىن قورقسام، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ئىرغاڭلاپ كەتسەممۇ ھەرگىز سۇنمايمەن. ئۇلار ماڭا زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. مېنىڭچە ساڭا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر چوڭدەك قىلىدۇ. راست، بۈگۈنگىچە سەن دەھشەتلىك بورانلاردىمۇ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋاتىسەن، جۇدۇن - چاپقۇنلاردىن قېچىپ يەرگە يېتىۋالغىنىڭمۇ يوق، لېكىن ئاخىرى قانداق بولىدۇ، تېخى كۆرىمىز.

قومۇشنىڭ گېپى ئەمدى تۈگەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ، شىمالدىن بوران ئىلاھى تەۋرەپ چىقىپتۇ. دۇب دەرىخى پۈكۈلمەي تىك تۇرۇپتۇ، قومۇش بولسا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاپتۇ. جۇدۇن - چاپقۇنلۇق بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغانلىقىدىن چوڭ سۆزلىگەن، مەزمۇت پۇتلىرى بىلەن يەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرغانلىقىدىن كۆرەڭلىگەن دۇب دەرىخىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ.









# يېزا سازەندىلىرى

بىر كىشى ئاغىنىسىنى ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاغىنىسىنى ئانچە - مۇنچە قۇۋۋەتلەندۈرۈپ قويۇش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىش ئىكەن.

ئۇنىڭ كېلىشىگە يېزا سازەندىلىرى نەغمىنى باشلاپتۇ. نەغمە شۇنداق يېقىمسىز، شۇنداق جىزىلداق چىقىپتۇكى، مېهماننىڭ قۇلاقلىرى پۈتۈپ، بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

— كەچۈرگىن، بۇرادەر، — دەپتۇ مېهمان، — يېرىم كۈن بولدى، بۇ سازەندىلىرىڭ قالايمىقان ساز چېلىپ، جېنىمدىن جاق تويغۇزدى، ئەمدى پەقەت ئاڭلىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— توغرا دەيسەن، توغرا، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ئاغىنىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، — بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا سازەندىلەر ئەمەس، بۇنىڭغا مەن ئىقرار، بىراق ھەممىسى ئەدەپلىك ئادەملەر، يەنە كېلىپ ھەممىسىلا ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلغان.

لېكىن، مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ساز ئەھلىلىرىدىن بولغان بولسا، كۈن بويى ھاراق ئىچىشىدىمۇ رازى ئىدىم.





# قاغا بىلەن مېكىيان

كىنەز سمولېنسكىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەسەبىي خورىكىنى ئۈرۈپ چۈشۈرمەكچى بولۇپ، موسكۋادىن چېكىنىپ چىقىش ئارقىلىق يېڭى ۋاندالىلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. بۇ پىلان بويىچە پۈتۈن پۇقرالار مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇددى ھەرە ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك، شەھەرنى تاشلاپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

بۇ چاغدا ئۆگزىدە تۇمشۇقىنى پەيلىرىگە سۈركەپ، پەستىكى پاتىپاراقچىلىققا قاراپ تۇرغان بىر قاغا ھارۋىدىكى بىر مېكىياندىن سوراپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، بۇ نېمە ئىش، مۇشۇنداقلا كېتىدىغان گەپمۇ؟

— رەھىمسىز دۈشمەنلىرىمىز دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇدەك! — دەپ ۋارقىراپتۇ مېكىيان پەستە.

— كېلىپ قالسا ماڭا نېمە بولاتتى، — دەپتۇ قاغا ۋاقىلداپ، — مەن كەتمەيمەن، سەن قورقۇنچاقلار كەتسەڭ كېتىۋەر! ئۇلار مەندەك قاغىنى پىشۇرۇپ يەيتتىمۇ. مەن

* بۇ مەسەلدە 1812 - يىلدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كرىلوف بۇنىڭدا ئالېكساندىر I نىڭ كۆز قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، گېنېرال كۇتۇزوفنىڭ موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇ دانە تەدبىر ئارقىلىق فرانسىيە ئارمىيىسىنى قاپقانغا دەسسىتىپ بىراقلا يوقىتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىنى ھەل قىلغان، دەپ ھېسابلىغان؛ شۇنداقلا قاغىنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ مادارا قىلىش خاھىشىنى ۋە پۇرسەتپەرەسلىكىنى قامچىلىغان.





ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالىمەن. ئۇلاردىن ماڭا ئوبدان بىرنى-
مە تېگىپ قالامدۇ تېخى. يا بىر پارچە پىشلاق، يا بىرەر تال
سۆڭەك، ئىشقىلىپ بىرەر نېمە تېگىپ قالار. ئاقىول بولسۇن
ساڭا مېكىيانخان، كۆرۈشكۈچە ئامان بول !

شۇنداق قىلىپ، قاغا راستتىنلا قېپقاپتۇ. كېيىن ئىش
قانداق بوپتۇ دېمەمسىلەر؟ فرانسۇزلار سمولېنسكىينى مۇها-
سىرىگە ئېلىپ، ئاچلىقتىن تاسىملىرىنى چىشلىشقا باشلىغان
چاغدا، ھەي، شۇ چاغدا قاغىغا ئوبدان نەرسە نەدە دەيسىلەر،
ئۇلار شورپىغا ئانچە ـ مۇنچە لەززەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن قا-
غىنىمۇ قازانغا تاشلاپتۇ.

* *

ئادەم دېگەننىڭ پىلانى پات ـ پات مۇشۇنداق قارىغۇلار-
چە، ئەخمىقانە بولۇپ قالىدۇ. سەن چوقۇم ئامەتكە ئېرىشىمەن
دەيسەن، لېكىن ئاقىۋەتتە خۇددى ئاشۇ قاغىغا ئوخشاش، خەق-
نىڭ قازىنىغا چۈشۈپ شورپىغا ئايلىنىسەن.









# كرىلوف مەسەللىرى

## ساندۇقچە

ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئىشمۇ قول سېلىپ ئىشلەشتىن بۇرۇن ئادەمگە ناھايىتى قىيىن بىلىنىدۇ. لېكىن، مەسلىنىڭ ئاچقۇچى كاللا ئىشلىتىشتە، مېڭە ئىشلەتسىلا پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

*　　　　　*

بىر كىشى يېڭى ياسالغان بىر ساندۇقچىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بۇ ساندۇقچە ھەم نەپىس، ھەم چاققان ياسالغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرۈپ زوقلىنىپتۇ.

شۇ ئارىدا بىرەيلەن يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بۇنداق نېمىلەردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار ئىكەن.

— بۇ ساندۇق سەل سىرلىق ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ ساندۇقچىغا سىنچىلاپ قاراپ، — مانا قاراڭلار، قۇلۇپىمۇ يوق. لېكىن، مەن سىلەرگە ھۆددە قىلىپ ئېيتالايمەنكى، مەن ئۇنى دەرھال ئېچىۋېتەلەيمەن! ھەي، ئاۋۇ چەتتە تۇرۇۋالغان گالۋاڭلار، ئادەمنى تولا زاڭلىق قىلىشما جۇمۇ، كارامىتىمنى ھېلى كۆرۈشىسەن! مەن بۇنى ئېچىپ بولۇپ، بۇنىڭدىكى ھۇ-

---

* «ساندۇقچە» كرىلوفنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان تۇنجى مەسەلى بولۇپ، 1808 - يىلى «تىياتىر خەۋەرلىرى» دە ئېلان قىلىنغان. 1809 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «ئىۋان كرىلوف مەسەللىرى»گە كىرگۈزۈلگەن 23 پارچە مەسەلنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئاۋۋال «تىياتىر خەۋەرلىرى»گە بېسىلغان. 1809 - يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بۇ توپلىمى يېڭى مەسەللىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان. كرىلوف ۋاپات بولغان چاغدا، «ئىۋان كرىلوف مەسەللىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر 197 گە يەتكەن.





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com